مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

# ئارمىيەنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ قايتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى يۈن، جيا چىلۇڭ)** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئارمىيەنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى ئۈستىگە ئالغان ۋۇخەن خوشېنشەن دوختۇرخانىسى، ۋۇخەن شەھەرلىك تەيكاڭ تۇڭجى دوختۇرخانىسى، خۇبېي ئۆلكىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنىڭ گۇاڭگۇ دوختۇرخانا رايونىدا ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنى داۋالاش - قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن، خەلق ئاۋىياتسىيە ئايروپىلانىنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە تۆمۈريول ترانسپورتىدا توشۇش شەكلىنى قوللىنىپ ئارقا - ئارقىدىن ۋۇخەندىن ئايرىلىپ، قايتىشنى تاماملىدى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، خەلق ئارمىيەسى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن باشلاپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى، دېڭىز ئارمىيەسى، ھاۋا ئارمىيەسى، راكېتا ئارمىيەسى، ئىستراتېگىيەلىك ياردەمچى قىسىم، بىرلەشمە ئارقا سەپ كاپالەت قىسمى، قوراللىق ساقچى قىسىم قاتارلىق كۆپلىگەن داۋالاش ئورۇنلىرىدىن ئۈچ تۈركۈم - قېتىمدا ئاجرىتىپ تەشكىللەنگەن 4000دىن ئارتۇق تېببىي خادىم ۋۇخەننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بەردى. ۋۇخەن جىنيىنتەن دوختۇرخانىسى، ۋۇچاڭ دوختۇرخانىسى ۋە خەنكوۋ دوختۇرخانىسىدىكى كېسەللەر رايونىغا ياردەم بېرىشتىن، ۋۇخەن خوشېنشەن دوختۇرخانىسى، ۋۇخەن شەھەرلىك تەيكاڭ تۇڭجى دوختۇرخانىسى، خۇبېي ئۆلكىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنىڭ گۇاڭگۇ دوختۇرخانا رايونىغا كىرىپ ئورۇنلاشقۇچە، ئارمىيەدىكى تېببىي خادىملار خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، قاتتىق جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەللىك ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جەڭ مەيدانىدا ئارقا - ئارقىدىن ئاتاكىغا ئۆتۈپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، قەدىسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چوڭ جەڭدە ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇردى.

ۋەزىپە ئىجرا قىلىش مەزگىلىدە، ئارمىيەنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ ماسلىشىشىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىلمىي داۋالاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنى ياخشى قوغداپ، داۋالاش، پەرۋىش قىلىش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، كاپالەت قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئۈچ تاللاپ تەشكىللەنگەن دوختۇرخانىدا 2856 كارۋات تەسىس قىلىپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان جەمئىي 7198 ئاغرىقنى قوبۇل قىلىپ داۋالاپ، داۋالاش - قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «غەلىبىلىك جەڭ قىلىش، نۆل يۇقۇملىنىش»نى ئىشقا ئاشۇردى. ئارمىيەنىڭ ئالدىنقى سەپ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى دوختۇرخانىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىگە نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى پائال كېڭەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خاسلىققا ئىگە قۇتقۇزۇش - داۋالاش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېشى چوڭ ئاغرىقلار ۋە خەتەرلىك، ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى گەۋدىلىك ياخشى ئىشلەپ، قوبۇل قىلىپ داۋالاش نىسبىتى ۋە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى. بىرىنچى سەپتىكى پەن تەتقىقات كوللېكتىپى مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، تەتقىق قىلىپ ياسىغان قايتا تەشكىللەنگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسى كلىنىكىلىق تەتقىقات بويىچە رويىخەتكە ئېلىپ تەستىقلاش، باھالاشتىن ئۆتۈپ، رەسمىي كلىنىكىلىق سىناققا كىرىش تەستىقىغا ئېرىشىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بويىچە توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. ئارمىيەنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، بىرىنچى سەپتىكى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنىڭ تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ۋۇخەندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، ئارمىيەنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى دوختۇرخانا، ياتاق سورۇنلىرىدىكى تۈرلۈك بۇيۇملارنى كۆڭۈل قويۇپ رەتلەپ، داۋالاش ئەسلىھەلىرىنى سۈرتۈپ دېزىنفېكسىيەلەپ، كەسپىي كۈچلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ئاخىرقى قېتىم دېزىنفېكسىيەلىدى، ھەم ماددىي ئەشيالارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ماتېرىياللارنى ئارخىپلاشتۇرۇش، دوختۇرخانىلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، خەلق ئارمىيەسىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ۋۇخەندىن ئىبارەت بۇ قەھرىمان شەھەردە قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە ۋۇخەن شەھىرىنىڭ تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان خۇبېيدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ترانسپورت كۈچىگە ياردەم بېرىش ئەترىتىمۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ قايتتى.

# شى جىنپىڭنىڭ «قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش — 20 دۆلەت گورۇھى رەھبەرلىرىنىڭ ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»نىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش — 20 دۆلەت گورۇھى رەھبەرلىرىنىڭ ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»نىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تور قۇرۇلۇشىنى سۈپەت ۋە سانغا كاپالەتلىك قىلىپ تاماملاشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىمىز.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل غۇلجا شەھىرىنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدا يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، داۋاملىق قۇرۇلىدىغان تۈردىن جەمئىي 17سى بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنما تەخمىنەن 180 مىليون يۈەن ئىكەن، نۆۋەتتە داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئىش ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈرلەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئىش باشلىنىۋېتىپتۇ.

«12 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قومۇل شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ھەم ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش تۈرىدە ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلۇۋاتىدۇ؛ 12 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قومۇل شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرىدە، بۇ يىل نۇقتىلىق ھالدا يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان زال ئىچى مەشىق مەيدانى ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش، مەكتەپ ھويلىسىغا كۆپ ۋاستىلىك ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش تاماملىنىدۇ.» قومۇل شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى پىلان - مالىيە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ما فۇچياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل قومۇل شەھىرىنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدا يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈر 21 بولۇپ، نۆۋەتتە قىسمەن تۈرلەردە قۇرۇلۇش باشلاندى.

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قومۇل شەھىرىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئۈنۈمنى ئىمكانقەدەر تېز جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قومۇل شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئىمكانقەدەر تېز ئىشنى باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتتى. 4 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە، مائارىپ ساھەسىدە ئىش باشلانغان، ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تۈر 18 بولۇپ، ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 100%كە يېتىپ، 34 مەكتەپنى قاپلىدى.

ئاقسۇ شەھىرىدىكى ھەرقايسى مائارىپ تۈرلىرىمۇ پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلماقتا. بۇ يىل ئاقسۇ شەھىرىنىڭ مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئىش تۈرىدىكى 13 مائارىپ تۈرىدە 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش تاماملىنىپ، قۇرۇلۇش باشلاش باسقۇچىغا كىردى، يىل ئىچىدە قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى. ئىگىلىنىشىچە، شەھەرگە قاراشلىق نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى تۈرى بولۇش سۈپىتىدە، جەمئىي 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قۇرۇلۇش مەزمۇنى يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ئوقۇتۇش بىناسى، ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى، ئاشخانا، ھاجەتخانا، مۇنچا، تەنھەرىكەت مەيدانى ھەم قوشۇمچە قۇرۇلۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن، ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاقسۇ شەھىرىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى ۋە شەھەر - يېزىلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈلىدىكەن.

# 1 - پەسىلدە بىڭتۇەن دەل جايىدا سودىگەر چاقىرىپ ئىمزالىغان كېلىشىمنىڭ سوممىسى 34 مىليارد يۈەندىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىنقى مەزگىلدە، ۋۇجياچۈ شەھىرى توردا تور سۆھبىتىنى 70 نەچچە قېتىم قانات يايدۇرۇپ، 22 تۈرىدە كېلىشىم ئىمزالىدى؛ شىخەنزە شەھىرى توردا كېلىشىم ئىمزالىغان سەككىز تۈرگە جەمئىي 5 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ بېيتۈن شەھىرى بۇلۇت سودىگەر چاقىرىش سىن تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، تۈرگە مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

بىڭتۇەن سودا ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1 - پەسىلدە، بىڭتۇەن 105 تۈرىدە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش كېلىشىمى ئىمزالىغان بولۇپ، جەمئىي 34 مىليارد 57 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەنگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە، جەمئىي 1 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈردىن يەتتىسى بولۇپ، تۇمشۇق شەھىرى تاڭۋاڭچېڭ توقۇمىچىلىق پەن - تېخنىكا كەسىپلەر باغچە رايونى تۈرىگە جەمئىي 3 مىليارد 500 مىليون يۈەن، ۋۇجياچۈ شەھىرى جۇڭگو مۇدەن ساغلاملىق - كۆتۈنۈش مەدەنىيەت ساياھەت كىچىك بازىرى تۈرىگە جەمئىي 2 مىليارد 550 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلگىرىكى يىللاردىكى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش نەتىجىلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن. بۇ يىل پۈتۈن بىڭتۇەندە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 735ى يولغا قويۇلغان ياكى يولغا قويۇلىدىكەن، 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن 511 تۈرىدە ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، پۈتۈن يىللىق تۈر ئومۇمىي ساندا ئىگىلىگەن نىسبىتى 70%كە يېقىنلىشىدىكەن.

بۇ يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى شى، شەھەرلەر يەنە دەل جايىدا سودىگەر چاقىرىشنى قانات يايدۇردى، 1 - شى كەسىپ ئورنىنى بېكىتىشنى چۆرىدەپ، ئارال ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ پايپاق توقۇش، رەخت توقۇش، لۆڭگە، بوياپ رەتلەشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ بازا قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەبلەغ سېلىش كۆلىمى چوڭ، پەن - تېخنىكا تەركىبى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم تۈرلەرنى كىرگۈزدى. 2 - شى بۇنىڭدىن ئىلگىرى 27 تارماق سودىگەر چاقىرىش كىچىك ئەترىتىنى ئەۋەتىپ دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇردى، 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇنجى تۈركۈمدىكى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدە مەركەزلىك كېلىشىم ئىمزالاندى.

بىڭتۇەن يەنە سىياسەت جەھەتتىن قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، ئالاقىدار تارماقلار سودىگەر چاقىرىش مەخسۇس خىراجەت تەقسىماتىنى تېزلىتىپ، 35 مىليون يۈەن خىراجەتنى ئاجرىتىپ بېرىشنى نەقلەشتۈرۈپ، سودىگەر چاقىرىش خىزمىتىنى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. بىڭتۇەن سودا ئىشلىرى تارماقلىرى يەنە بىڭتۇەندىكى 19 سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، بىڭتۇەننىڭ سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرى، سىياسىتى قاتارلىق تونۇشتۇرۇش ماتېرىياللىرىنى ئەزا كارخانىلارغا يوللاپ، تېخىمۇ كۆپ سودىگەرلەرنىڭ بىڭتۇەنگە كېلىپ مەبلەغ سېلىشىغا تۈرتكە بولدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىنقى مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، شىنجاڭ تۆمۈريولى ئالدىنقى مەزگىلدە تۇنجى قېتىملىق خوتەندىن كۈيتۇنگە قاتنايدىغان K6728/6725 قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار مەخسۇس پويىزىدا مەكتەپكە قايتقان 1324 ئوقۇغۇچىنى توشۇدى.

يۇقۇم مەزگىلىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە ۋاقتىدا، بىخەتەر قايتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ تۆمۈريولى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، توشۇش كۈچىنى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە قايتىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى. ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەخسۇس پويىزىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پويىزغا چىقىش نۇقتىسى يول بويىدىكى ئون نەچچە ۋوگزالغا تارقالغان بولۇپ، ھەرقايسى يولۇچىلار ۋوگزاللىرى مەخسۇس پويىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس ئالاقىلەشكۈچى، مەخسۇس كۆزنەكتە بېلەت ئېلىش، مەخسۇس يولدا مېڭىش، مەخسۇس رايوندا پويىز كۈتۈش، مەخسۇس ئادەم يېتەكلەش قاتارلىق «بەش مەخسۇس مۇلازىمەت» بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋوگزالغا كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋوگزالنى دېزىنفېكسىيەلەشنى ياخشى قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەرتىپلىك پويىزغا چىقىشقا تەشكىللىدى.

پويىز يۈرۈۋاتقاندا، پويىز خادىملىرى ھەر ئىككى سائەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پويىزنى دېزىنفېكسىيەلەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە تازىلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

«ئوقۇغۇچىلار مەخسۇس پويىزىغا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە قايتقىنىمىزدىن مەن ۋە ساۋاقداشلىرىم ناھايىتى خۇشال بولدۇق، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، مەن ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، ۋاقىتنى ‹تولۇقلاپ› قايتۇرۇپ كېلىمەن» دېدى ئوقۇغۇچى يۈلتۇز ئابدۇرېھىم.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭ تۆمۈريولى يەنە خوتەندىن غۇلجىغا قاتنايدىغان ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەخسۇس پويىزىنى داۋاملىق يولغا سېلىپ، ئىلى كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە ئوڭۇشلۇق قايتىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاردا كەنتى ئىلگىرى بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى نامرات كەنتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كەسىپ ئەندىزىسى بىرلا خىل، يەرنىڭ شورلىشىشى ئېغىر ئىدى. بۇ يىل ئاردا يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاردا كەنتى خېيلۇڭجياڭ خۇڭشىڭلۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى شالچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن پائال ھەمكارلىشىپ، يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەڭشەپ، كەنتتىكى 2000 مو بوز يەرنى ئوبوروت قىلىپ، بىرلەشتۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك ئورگانىك شال ئۆستۈرۈپ، كەنت دەرىجىلىك شال سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى قىلدى.

«نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ۋە قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىز ئاردا يېزىسىدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، تېمپېراتۇرىنىڭ مۇۋاپىقلىقى، سۇ مەنبەسىنىڭ يېتەرلىكلىكى، يەرنىڭ كەڭلىكىنى، ئورگانىك شال ئۆستۈرۈش، پىششىقلاش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىدىكى شاللىقتا قىسقۇچپاقا، لايىبېگەك، بېلىق قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈپ باقىدىغان بولغاچقا، بىرىكمە تىپلىق تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ئارقىلىق بىر ئېتىزدىن كۆپ خىل ھوسۇل ئېلىش ئۈنۈمىگە يەتكىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە، ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىدا يېتىشتۈرۈلگەن شال مايسىلىرىنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 98%كە يەتكەن بولۇپ، 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىسقۇچپاقا قويۇپ بېرىش پىلانلاندى» دېدى ليۇ رۇڭبياۋ.

شالچىلىق ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىدىكى تېرىقچىلىقنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاردا يېزىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىدىكى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن مۇساپىلىك ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلدى ھەم كۆپ تارماق بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، خىزمەتتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلدى. «ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىدا شال ئۆستۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، تەۋەلىك رايوندىكى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولۇپ، شال ئۇرۇقى، يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى، لايىبېگەك بېلىقنى تەمىنلەشتىن، شال، لايىبېگەكنى يىغىۋېلىشقىچە ھەممىسىگە ھەمكارلىق كوپېراتىپى مەسئۇل بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى ۋە ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دېدى ئاردا يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن خاۋ تونۇشتۇرۇپ.

### يېشىل تەرەققىيات

يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دېھقانلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىلگىرىكى «مىقدار» تەلىپىنى قاندۇرۇشتىن، يېشىل، ئېكولوگىيەلىك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ئىنتىلىشكە، «سۈپەت» تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە ئۆزگەرمەكتە.

ئۇدا بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، سانجى شەھىرىدىكى ھەرقايسى يېزا - بازارلار ئادەم كۈچى ۋە يېڭى تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى پائال تەشكىللەپ، ئەتىيازلىق ئېتىزلاردىكى قالدۇق سولياۋ يوپۇقلارنى يىغىۋېلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، قالدۇق سولياۋ يوپۇقلارنىڭ تۇپراقنى بۇلغىشىنى ئۈنۈملۈك ئازايتتى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئەرلىۋگۇڭ بازىرىنىڭ بەخت كەنتىدە، سانجى شەھىرى يۈشۈەنجىن كۆممىقوناق تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كوپېراتىپ ئەزالىرى چوڭ تىپتىكى قالدۇق سولياۋ يوپۇقلارنى يىغىۋېلىش ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ كوپېراتىپنىڭ 4000 مو يېرىدە ئەتىياز پەسلىلىك قالدۇق سولياۋ يوپۇقلارنى يىغىۋاتاتتى. «قالدۇق سولياۋ يوپۇقلارنى يىغىۋېلىش ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىلىق بولۇپ، ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، ئاق رەڭلىك بۇلغىنىشنى ئازايتىدۇ» دېدى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى لۇ گوخۇا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سانجى شەھىرى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، كۈزلۈك يىغىم ۋاقتىدىكى يەر تۈزلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، «پاكىز» بولۇشتىكى قالدۇق سولياۋ يوپۇق بولماسلىق ئۆلچىمىنى چىڭ ئىگىلەپ، دېھقانلارنى قالدۇق سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىش سالمىقىنى زورايتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشىنى ئازايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سولياۋ يوپۇق زاۋۇتلىرىنى تاشلاندۇق، كونا ماتېرىياللارنى يىغىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىن تەكرار پايدىلىنىشقا پائال ئىلھاملاندۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ئاق رەڭلىك بۇلغىنىشنى تۈزەپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل سانجى شەھىرى ھەرقايسى يېزا - بازارلاردىكى 550 مىڭ مو يەردىكى قالدۇق سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىشنى تاماملاشنى پىلانلىغان، ھازىرغىچە ئون يېزا - بازاردا قالدۇق سولياۋ يوپۇقلارنى يىغىۋېلىش ماشىنا - سايمانلىرىدىن 2316سى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، 230 مىڭ مو يەردىكى قالدۇق سولياۋ يوپۇق سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ يىغىۋېلىنغان، 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يىغىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش مۆلچەرلەنگەن.

### پەن - تېخنىكا قۇۋۋەت قوشۇش

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئېگەرچى يېزىسى يۇلغۇنلۇق كەنتىدىكى ئالما ئۆلگە كۆرسىتىش باغچە رايونىدا، كەنت ئاھالىلىرى بەس - بەستە كېلىپ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇش مەشغۇلاتىنى كۆرۈۋاتاتتى.

شۇ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇلازىمەت مەركىزى بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئېگەرچى يېزىسى ھەمكارلىشىپ، بۇ يېزىنىڭ يۇلغۇنلۇق كەنتى، بۇلۇڭكۆۋرۈك كەنتىدىكى ئالملىق باغدا ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن بوشلۇقتا چاڭلاشتۇرۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىپ، 170 مو يەردىكى ئالمىزارلىقتا ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك چاڭلاشتۇرۇش ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى قۇردى، بۇ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ زامانىۋى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان تېخنىكىسىنى ئالما چېچىكى، مېۋىلىرىنى پەرۋىش قىلىشتا قوللىنىشتىكى تۇنجى قېتىملىق سىنىقى ئىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېگەرچى يېزىسىنىڭ ئالمىچىلىق كەسپى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدىكى يېتەكچى كەسپىگە ئايلاندى.

مەشغۇلات نەق مەيدانىدا، بىر نەچچە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان كونترول قىلغۇچنىڭ كونتروللۇقىدا، ئالدىن بېكىتىلگەن لىنىيە بويىچە بوشلۇقتا تۇمانلاشتۇرۇپ ئىستېرېئولۇق چاڭلاشتۇردى، بىر باغنى پەقەت نەچچە مىنۇتتىلا چاڭلاشتۇرۇپ بولغىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ باغ - ئورمانچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى نەق مەيداندا شۇ يەرنىڭ تېرىقچىلىق، پەرۋىش ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى كەلگەن باغۋەنلەرگە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن چاڭلاشتۇرۇشنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئەمەلىي قوللىنىش ئىستىقبالى توغرىسىدا ئۆلگە كۆرسەتتى، چۈشەندۈردى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئەنئەنىۋى سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئالما چېچىكىنى چاڭلاشتۇرۇشتا ئىشنى تېجەش، كۈچنى تېجەش، پۇلنى تېجەش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەن. ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن چاڭلاشتۇرۇشنىڭ سۈرئىتى تېز بولۇپ، باغۋەنلەرنىڭ چاڭلاشتۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىكەن. بىر ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ھەر كۈنى 200 مودىن ئارتۇق يەردە مەشغۇلات قىلىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تەكشى تۇمانلاشتۇرۇپ پۈركۈپ، ئىسراپچىلىقنى ئازايتىپ، چاڭلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈنۈمىگە يەتكىلى بولىدىكەن.

**(مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز لى شيۇ، چېڭ شىلىن)**